1994
مارت 1 - سان
ئايلىق
سىياسى گېزىت
Aylık
Siyasi Gazete

# شەرقى تۈركىستان


ŞARKİ TÜRKİSTAN ( DOĞU TÜRKİSTAN )

ئىستىگىمىز ئىستىقلال، دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرىدۇر

## ئىيسا يۈسۈف ئالپتېكىننىڭ ھۆر دۇنياغا مۇراجىتى

ئۆز خەۋەرچىمىز: شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدەرى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، 1993-يىل 12-ئاينىڭ 10-كۈنى، «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن، ھۆر دۇنيا خەلقىگە بىر مۇراجەت ئېلان قىلدى. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇندىن 45 يىل بۇرۇن، 12-ئاينىڭ 10-كۈنى، «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى» قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى.

ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ مۇراجەتنامىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىنسان ھەقلىرى ئورتاق شوئارغا ئايلانغان ۋە ئەركىنلىك مۇجادىلىلىرى ئالقىشقا ئېرىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قىزىل خىتاينىڭ زۇلۇم ۋە ئاسارىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان خەلقىمىنىڭ نامىدىن سىزلەرگە مۇراجەت ئېتىمەن! (داۋامى 2-بەتتە)



## ھەممىمىز بىر نىيەتتە، ۋەتەن داۋاسىنى پۈتۈن دۇنياغا ياڭراتايلى

### باش ماقالە

ۋەتەن سىرتىدا كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يۇرت تېشىدىكى مىللى مۇجاھىتلىرىمىزنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن ئىستانبۇل شەھرىدە، ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە ئىككى خىل تىلدا چىقىدىغان «شەرقى تۈركىستان» نامىدىكى ئايلىق سىياسى گېزىت بۈگۈن رەسمى دۇنياغا كەلدى!

بىزچە، يۇرت تېشىدا ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ مۇنۇ ئىككى موھىم ۋەزىپىسى بار: بىرى، شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ زۇلمىنى ۋە بوزۇلۇمغا قارشى خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىل، ئىنساننىچە ياشاش ئىستىكى بىلەن، ھەرقانداق ساھالەردە قۇللۇقنى ھېچبىر زامان قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق تىلاپ ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللى كۈرەشلىرىنى ئەركىن دۇنياغا ۋاقتىدا ئاڭلىتىپ تۇرۇش. يەنە بىرى، ئەركىن دۇنيانىڭ شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا بولغان ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش ۋە خەلقىمىزنىڭ بىر مىللى جامائەت سۈپىتىدە مىللى مۇستەقىللىق كۈرەشكە ماھىرلىنىشى ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىن ياردەمچى بولۇشتىن ئىبارەت! گېزىتىمىز بۇ ئىككى بۈيۈك ۋەزىپىنى بىر تارىخى ۋەزىپە سۈپىتىدە ئۈستىگە ئالدى (داۋامى 2-بەتتە)

## سۈلايمان دېمىرال گېزىتىمىز ساھىبىنى قوبۇل قىلدى

ئۆز خەۋەرچىمىز: 1994-يىل 2-ئاينىڭ 9-كۈنى چۈش سائەت 12 دە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى سۈلايمان دېمىرال، ئەنقەرەدىكى پرېزىدېنت مەھكىمىسىدە، گېزىتىمىز ساھىبى ئارسلان ئالپتېكىننىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. (داۋامى 2-بەتتە)



## قازاقىستاندا خىتاينىڭ ساختا تارىخىغا قارشى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1994-يىلى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى، قازاقىستاندىكى «شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق فرونتى» ئالمۇتا شەھرىدە، «شەرقى تۈركىستان تارىخى ساختىلاشتۇرۇلمىسۇن!» دېگەن تېمىدا مەخسۇس سىياسى ۋە ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. (داۋامى 2-بەتتە)



## رامىزانىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن

بۈگۈنكى دۇنيانىڭ «ئۈستى ئوچۇق تۈرمىسى» دەپ ئاتالغان ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندا، پۈتۈن ئىمكانسىزلىقلار ئىچىدە، مىللى مەۋجۇدىيىتىنى سۈردۈرۈپ كېلىۋاتقان مۆمىنلىك قېرىنداشلار، (داۋامى 3-بەتتە)

# تاشلىۋىتىلگەن ئۇيغۇر مەكتىۋى

(تەھرىر ئىلاۋىسى: نادان قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش -خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ زوڭزۇڭتاڭ زامانىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە شەرقى تۈركىستان خەلقىگە ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان رەزىل ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. ئۆزلىرىنى «ئادالەتپەرۋەر، خەلقچىل» دەۋالغان ھازىرقى كوممۇنىستىك خىتاي مۇستەملىكچىلىرى، شەرقى تۈركىستان خەلقىنى نادان قالدۇرۇشتا، ئىلگىرىكى زوڭزۇڭتاڭ، يۈەنداخۇا، ياڭزېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق سېسىق نامى پۇر كەتكەن قەبىھ مۇستەملىكچىلەردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. ھازىر شەرقى تۈركىستاننىڭ مىللىي مائارىپىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، خۇددى تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى ھەيدىگەندەك، ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقىنى تالان -تاراج قىلىۋاتقان خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان زامانىۋى مەكتەپلەردە راھەت -پاراغەتتە ئوقۇۋاتقان. ئەمما، بايلىقنىڭ ھەقىقى خوجايىنلىرى بولغان يەرلىك ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى سېلىنغان خاراب مەكتەپلەردە، مال قوتانلىرىدا، ھەتتا توپا-تۇپراق دالا يەرلەردە ئوقۇۋاتقانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ھالەت كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. سىزلەرگە بۇ ئەھۋاللاردىن پاكىت كۆرسىتىش مۇددىتىدە، ئىلى گېزىتىنىڭ 93-يىل 6-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «ھەرقانچە نامراتلىشىپ كەتكەندىمۇ، مائارىپنى نامراتلاشتۇرۇۋەتمەيلى» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي ئەينەن دىققىتىڭلارغا سۇندۇق.)



سۈرەتتە:
شەرقى تۈركىستاننىڭ كۆپلىگەن يېزا - قىشلاقلىرىدا مەكتەپ بولمىغىنى ئۈچۈن، يەرلىك ئۆسمۈر بالىلار نۆۋەت بىلەن ئۆيلەرگە توپلىنىپ دەرس ئالماقتا.


## ھەرقانچە نامراتلىشىپ كەتكەندىمۇ، مائارىپنى نامراتلاشتۇرۇۋەتمەيلى

ئۆز خەۋىرىمىز: كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ئارالتۆپە يېزىسىدىكى قاراسۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى 1936 - يىل قۇرۇلغان بولۇپ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ۋەتەن ئۈچۈن ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، تاتار، قىرغىز، ئۆزبېك، موڭغۇل، رۇس، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن يارامىلىق زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەنىدى. ئوقۇغۇچى سانىنىڭ ئېشىشى بىلەن بۇ مەكتەپتىكى خەنزۇ سىنىپ 1980 - يىلى ئايرىم مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى؛ 1984 - يىلى قازاق پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان سىنىپلارمۇ ئايرىم مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى. دۆلەت ۋە يەرلىك بۇ ئايرىلىپ چىققان ئىككى مەكتەپ ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۆلچەمگە لايىق مەكتەپ قۇرۇلۇشى سېلىپ، ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ ئاجرىتىلمىغانلىقتىن، كونىراپ كەتكەن قۇرۇلۇشنى رېمونت قىلىشقا، يېڭى دەرسخانىلارنى قۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. شۇڭا، 1986 - يىلدىن ئېتىبارەن بۇ مەكتەپ كەنتنىڭ ياغاچ - كېسەك بىلەن سېلىنغان كونا ئاشلىق ئامبىرىدا دېرىزىسى بولمىغانلىقتىن، كۈندۈزدە چىراغ يېقىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 1991 - يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت، كەنت ۋە دېھقانلار بىرلىشىپ 32 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ تۆت ئېغىز يېڭى سىنىپ سالالىغان بولسىمۇ، 13 سىنىپلىق 453 ئوقۇغۇچىغا بۇ سىنىپ يېتىشمىدى. شۇڭا، قالغان ئوقۇغۇچى مەيداندا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن تاختايىنى تىزىغا قويۇپ ئوچۇقچىلىقتا دەرس ئاڭلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ياز پەسلىدىكى بورانلىق، يامغۇرلۇق كۈنلەردە، كەچ كۈزدىن كېلەر يىلى يازغىچە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يەر تەۋرەپ، يېڭى سېلىنغان دەرسخانىغا چاك كېتىپ، ئوچۇقچىلىقتىكى ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىغا يېڭى قوشۇن قېتىلدى.


ھازىر بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئىشخانا، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن دەرسخانا، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى، ھاجەتخانا قاتارلىقلار بولمىغاچقا، 186 نەپەر ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن ئۆزلۈكىدىن چېكىندى. ھەمدە يېڭىدىن ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە مۇمكىن بولمىدى. نەتىجىدە، كەنتتىكى ساۋاتسىزلارنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپەيدى.

مۇشۇ ئەھۋالدا، كەنتتىكى دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا پۇل يىغىش قىلغان بولسىمۇ، مەبلەغ يېتىشمىدى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ مەسئۇللىرى ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر بىر تىيىن ھەل قىلىپ بېرىلمەي، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇشى پالەچ پېتىچە قېلىۋەردى.

نۆۋەتتە، بازار رىقابىتى كەسكىنلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئاساس مائارىپنىڭ بۇ قايناملىغا كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا دۆلەت مالىيىسىدە ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولغان تەقدىردىمۇ، يەنە ھەرقانچە نامراتلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مائارىپنى نامراتلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.




سۈرەتتە:
ئوقۇشسىز قالغان دېخان بالىلىرى بازارغا كىرىپ ئىش ئىزدىمەكتە.



سۈرەتتە: ئۆدۈلدىكى ئىمارەت يەر تەۋرەشتە كاردىن چىققاچقا، ئوقۇتۇش ئىمكانىيىتى يوق. ئوقۇغۇچىلار ئوچۇقچىلىقتا دەرس ئاڭلىماقتا.

ئىسمائىل جىرجىس فوتوسى



نامراتلىقتىن ئوقۇشسىز قالغان يەرلىك ئۆسمۈرلەر كوچىلاردا ياڭيۇ سېتىپ جېنىنى باقماقتا.

**ئاقارغان يۈز، قىسىلغان قاش، قويۇلغان ياش، كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com






فاتىما خانىمنىڭ جىنازا نامىزىدىن بىر كۆرۈنۈش

# قايغۇلۇق خەۋەر

ئۆز خەۋىرىمىز: شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش كاتىپى، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدېرى، تۈركلۈك مۇجاھىدى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ سۆيۈملۈك خانىمى ۋە ئۆمۈرلۈك سەپدىشى فاتىما ئالپتېكىن خانىم، 94 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى ئۆيىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن 83 يېشىدا ۋاپات بولدى.

فاتىما خانىمنىڭ ۋاپاتى، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان نەچچە مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى ۋە ئەيسا ئەفەندىمنىڭ تۈركىيەدىكى دوست - بۇرادەر ۋە سەپداشلىرىنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى.

شۇ كۈنى سائەت 5 تە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرال ئەيسا ئەفەندىمنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ، فاتىما خانىمنىڭ ۋاپاتىدىن چەكسىز قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە پۈتۈن ئالپتېكىن ئائىلىسىدىن سەممىي ھال سورىدى.

فاتىما خانىمنىڭ جىنازا نامىزى 7 - مارت پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئىستانبۇلدىكى مەشھۇر فاتىخ جامەسىدە چۈشۈرۈلدى. جىنازا نامىزىغا، شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلار ۋە تۈركىيىلىك دوستلاردىن بولۇپ نەچچە مىڭ كىشى قاتناشتى.

مېيىت، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق پىرېزىدېنتلىرى ئادنان مەندېرېس، تۇرغۇت ئۆزال قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر دەپنە قىلىنغان توپكاپى مازارلىقىغا دەپنە قىلىندى.

شۇ كۈنى، تۈركىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «تۈركىيە رادىيو - تېلېۋىزىيە - گېزىتى»، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «تۈركىيە» گېزىتى، «زامان» گېزىتى، «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتى قاتارلىق تۈركىيەدىكى ھەر قايسى چوڭ - كىچىك ئاخبارات ئورۇنلىرى فاتىما خانىمنىڭ ۋاپات ئەتكەنلىك خەۋىرىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى.



ئەيسا ئەفەندىم، فاتىما خانىم دالاي لاما بىلەن بىرگە



ئەيسا ئەفەندىم، فاتىما خانىم ئوغۇللىرى ئەركىن ئالپتېكىن ( ئوتتۇرىدا )، ئارسلان ئالپتېكىن ( سولدا ) ۋە ئۇلغار ئالپتېكىن ( ئوڭدا ) لار بىلەن بىرگە.

## ۋەتەنداشلارنىڭ دىققىتىگە:

ۋەتەن داۋاسىنىڭ تەشۋىقات ئېھتىياجىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن «شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنى ۋەتەن سىرتىدىكى ئاساسلىق تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇرۇش غايىسى بىلەن ئەسلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» گېزىتى ئىدارە ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئارسلان ئالپتېكىن، باش تەھرىرى پەرھات يۇرۇڭقاش ۋە تەھرىرى شاھخەلىل بوزقۇرتلار «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» گېزىتىدىن ئىستىپا بېرىپ «شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئىدارە ھەيئىتىگە قاتناشتى.

گېزىت ئىدارە ھەيئىتىدىكىلەر:

گېزىتىمىزنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش مەسلىھەتچىسى:
ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن
گېزىت مەسئۇلى: ئارسلان ئالپتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت
تەھرىرلەر: پەرھات يۇرۇڭقاش. شاخەلىل بوزقۇرت

گېزىتىمىز ئادرېسى: Ordu Cad. Kalaycı Şevki Sk. Altınkapi Dilman İş Mrk. No. 28/60 Beyazıt - İST.
تېلېفون: ☏: (0212) 638 36 42
فاكس: Fax : (0212) 638 36 43